

ئەقىدە
ئىمان
ئىسلام

ئاساسلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەقىدەم

رەببىم
ئاللاھ

پەيغەمبىرىم
مۇھەممەد
(ئەلەيھىسسالام)

دىنىم
ئىسلام



قىبلەم
كەئبە

كىتابىم
قۇرئان

مەن مۇسۇلمان. بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن. ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەيمەن. ئۇنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىپ، توسقىنىدىن يانىمەن.



# ئىمانىم

ئاللاھقا ئىمان ئېيتىمەن

پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىمەن

كىتابلارغا ئىمان ئېيتىمەن



پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىمەن

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىمەن

تەقدىرگە ئىمان ئېيتىمەن

مەن ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە،
كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە،
ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە
ئىمان ئېيتىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىسلام ئاساسلىرى




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
ئىسلام دىنى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلدى،
ئۇلار: ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوق،
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ
ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز
ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش،
قادىر بولالىسا ھەج قىلىش.




# شاھادەت

## ئاللاھتىن باشقا ھەقىقي ئىلاھ يوق

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى

ئاللاھ

مۇھەممەد



شاھادەت

# مۇھەممەد

(ئەلەيھىسسالام)

دادىسى
ئابدۇللاھ

ئىنىك ئانىسى
ھەلىمە

ئانىسى
ئامىنە

چوڭ دادىسى
ئابدۇل مۇتەللىپ

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام
ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى. ئۇ ئەڭ
ئاخىرقى پەيغەمبەر. ئاللاھ ئۇنىڭغا
قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغان.



غۇنچىلار

مۇھەممەد

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلىشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پىل ۋەقەسى يۈز بەرگەن يىلى يەنى؛
571-يىلى 22-ئاپرېل دۈشەنبە كۈنى يېتىم ھالەتتە دۇنياغا كەلگەن.

## ھاياتى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالتە ياش ۋاقتىدا ئانىسى ئامىنە ۋاپات بولغان.
ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ دادىسى ئابدۇل مۇتەللىپ ئىگە بولغان.
چوڭ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تاغىسى ئەبۇ تالىپ ئىگە بولغان.

## ۋاپاتى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېسەل سەۋەبىدىن مەدىنىدە 63 يېشىدا ۋاپات بولغان ۋە ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ھۇجرىسى مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ يېنىدا ئىدى.

مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى
ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ بىلىمەن.
ئاللاھ ئۇنى بىزگە ئىسلام دىنىنى
ئۈگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.

